## 1695 ـ ھايۋاناتلارنىڭ تىرىسىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

گۆشى يېيىلىدىغان ياكى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ، ئاشلانغان ياكى ئاشلانمىغان تېرىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى نىمە؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى پاكىزىدۇر. تۆگە، كالا، قوي، بۆكەن، توشقان ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى بوغۇزلاش بىلەن، مەزكۇر تېرە ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاك بولىدۇ.

ئەمما گۆشى يېيىلمەيدىغان ئىشىت، بۆرە، يولۋاس، پىل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، بوغۇزلانسۇن ياكى ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بولسۇن بەرىبىر نىجىستۇر. چۈنكى مەزكۇر ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر. كۆچلۈك قاراشلاردا؛ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلاش ئارقىلىق پاك بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، ئاشلاش ئارقىلىقمۇ پاكلانمايدۇ ۋە نىجىسلىق ھالىتىدە قالىدۇ.

بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلار تۈرىدىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغانلىرىنىڭ تېرىسى، ئاشلىنىشتىن بۇرۇن نىجىس ھېسابلىنىدۇ ئەمما ئۇ ئاشلانسا پاكىزە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنى يىغىنچاقلىساق، ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى: پاكىزە تېرە. بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن پاكىزىدۇر.

ئىككىنچى: نىجىس تېرە. چوشقىغا ئوخشاش گوشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار بوغۇزلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن ئوخشاشلا نىجىستۇر.

ئۈچۈنچى: ئاشلاشتىن بۇرۇن نىجىس، ئاشلانغاندىن كېيىن پاكىزە بولىدىغان تېرە. بۇ گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار بولۇپ، شەرئى بوغۇزلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدۇر.